# 109350 - ئېھرامغا كىرگۈچىنىڭ ئادەتتىكى كىيىم-كېچەكنى سىلىقۇتىشىدىكى ھېكمەت نىمە؟

## سوئال

ھەج-ئۆمرە ئىبادەتلەردە ئېھرام كىيگۈچىنىڭ تىكىلگەن كىيىم كېچەكلەرنى كەيمەسلىكىدىكى ھېكمەت نىمە؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل
مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ
پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.
مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ رەببىگە ئىچكى-تاشقى
تەرەپتىن مۇكەممەل باش ئەگكەنلىكىنى
ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئېھرام كىيگەندە
يىڭىندە تىكىلگەن كىيىم-كېچەكلەرنى سىلىپ
تاشلايدۇ. چۈنكى ئىنسانىنىڭ رىدا ۋە ئىزار دىن
ئىبارەت ئىككى پارچە رەختنى كىيىم ئورنىدا قوللىنىشى
(بىردانە ئاستى كىيىم ۋە بىر دانە ئۈستى كىيىم)
ئۆزىنى ناھايىتى بەك تۆۋەن
تۇتقانلىقىدىندۇر. سىز ھەج پائالىيتى جەريانىدا
ئەڭ ئىپسىل كىيىم-كېچەكنى كىيەلەيدىغان
باي كىشلەرنى ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشتا،
ئەڭ كەمبەغەل كىشلەرگە ئوخشاش
ھالەتتە كۆرسىز.

بۇنىڭدىكى
يەنە بىر ھېكمەت: مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى
بىرلىكنى نامايەندە قىلىش، ھەتتا ئۇلارنىڭ
كىيىملىرىمۇ بىر خىل بولىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىشتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىر كەبنى تاۋاب قىلىدۇ، بىر ئورۇندا تۇرىدۇ، بىر ئورۇندا قونىدۇ، بىر ئورۇندا تاش ئاتىدۇ. (ھەج ئىبادىتى جەريانىدىكى بارلىق پائالىيەتلەر بىرخىل ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىدۇ).

يەنە

بىر ھېكمەت: شۇ ئارقىلىق ئىنسان ئۆزىنىڭ دۇنيادىن كېتىدىغان ۋاقتىدا ئىھرامدىكىدەك ھالەتتە كېتىدىغانلىقىنى ئەسلەيدۇ. چۈنكى ئىنسان دۇنيادىن ھەرگىزمۇ ئېسىل كىيىم-كېچەكلەرنى كىيگەن ھالەتتە ئايرىلمايدۇ، بەلكى دۇنيادىن كېپەن كىيگەن ھالەتتە ئايرىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا

ھەممەيلەنگە ياردەم بەرگۈچىدۇر.